# شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا لىنجېڭ يۈئېي، خې يىچېڭنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)
مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆتكەن بىر يىللىق
خىزمىتى ۋە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق
ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىز ـ
گىنلەش قاتارلىق ئەھۋاللارنى دوكلات قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: يۇقۇمنىڭ ئال ـ
دىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئېھتىياجى بىلەن، بۇ
قېتىم سىنلىق كۆرۈشۈش شەكلىنى قوللىنىپ
سىزنىڭ 2020 ـ يىللىق خىزمەت توغرىسىدىكى
خىزمەت دوكلاتىڭىزنى ئاڭلىدىم. مەن ئالدى
بىلەن شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى
بارلىق ئاھالىلەردىن سەممىي ھال سورايمەن.
يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇ ـ
غى يۇقۇمىنىڭ داۋاملىشىۋاتقىنىغا بىر يىلدىن
ئاشتى، بۇ، دۇنياغا ئېغىر زەربە ئېلىپ كەلدى.
شياڭگاڭ يۇقىرى ئېچىۋېتىلگەن خەلقئارالىق
شەھەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇچرايدىغان تە ـ
سىرى بىرقەدەر چوڭ. ئالدىنقى بىر مەزگىلدە،
شياڭگاڭدا 4 ـ قېتىملىق يۇقۇم كەڭ كۆلەمدە
تارقىلىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ھاياتىي بىخەتەر ـ
لىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا بىرقەدەر زور تەھدىت
پەيدا قىلدى، شۇنداقلا كۆپچىلىكنىڭ خىزمەت،
تۇرمۇشىغا نۇرغۇن قىيىنچىلىق تۇغدۇردى. مەن
بۇنىڭغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىمەن، ناھايىتى ئەن ـ
دىشە قىلدىم. مەركىزىي ھۆكۈمەت بارلىق
زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللاندى ھەم داۋاملىق قول ـ
لىنىپ، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ
يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن
قوللايدۇ. كۆپچىلىك ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئىتتى ـ
پاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەك.
ۋەتەن مەڭگۈ شياڭگاڭنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرە ـ
كى، كۆز ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن
چوقۇم غالىب كېلەلەيمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بىر
يىلدىن بۇيان، سىز ۋە ئالاھىدە مەمۇرىي رايون
ھۆكۈمىتى «نىزامغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش سەۋە ـ
بىدىن كۆرۈلگەن مالىمانچىلىق»، يېڭى تىپتىكى
تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋە
تاشقى مۇھىتتىكى پايدىسىز ئۆزگىرىشلەر ئېلىپ
كەلگەن قاتمۇقات ئېغىر زەربىگە سالماقلىق
بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن
تەرتىپنى قوغداپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ـ
تىزگىنلەپ، خەلقنىڭ قىيىنچىلىقنى ئازايتىپ، ئىق ـ
تىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بەلگىلىك نەتىجە ـ
ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردۈڭلار. ئالاھىدە كۆرسە ـ
تىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى شياڭگاڭدا
دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇنىنى تۈزۈپ
ئېلان قىلغاندىن كېيىن، سىز ئالاھىدە مەمۇرىي
رايون ھۆكۈمىتىنى يېتەكلەپ قەتئىي ئىجرا
قىلىپ، قانۇن بويىچە توپىلاڭنى توسۇپ، قالاي ـ
مىقانچىلىقنى تۈگىتىپ، شياڭگاڭنىڭ توغرا يولغا
قايتىشىغا تىرىشىپ تۆھپە قوشتىڭىز. دۆلەت
خەۋپسىزلىكى قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغان چوڭ
ھەق ـ چوڭ ناھەق مەسىلىلەردە، سىز مەيدانى ـ
ڭىزنى مۇستەھكەم قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل
زىممىڭىزگە ئېلىپ، ۋەتەننى سۆيۈش، شياڭگاڭ ـ
نى سۆيۈش ھېسسىياتىڭىز ۋە دۆلەتكە، شياڭگاڭ ـ
غا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھىڭىزنى نامايان
قىلدىڭىز. مەركەز سىز ۋە ئالاھىدە مەمۇرىي
رايون ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى
تولۇق ئادا قىلىش ئىپادىسىنى تولۇق مۇئەييەن ـ
لەشتۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شياڭ ـ
گاڭدىكى مالىمانچىلىق تۈزەلگەن مۇھىم، زور
بۇرۇلۇش بىر چوڭقۇر داۋالىنى يەنە بىر قېتىم
جاكارلىدى، ئۇ بولسىمۇ «بىر دۆلەت ئىككى
تۈزۈم» ئەمەلىيىتىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا
يۈرۈش قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا،
جەزمەن «شياڭگاڭنى ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىدارە قى ـ
لىش»تا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇش كېرەكلى ـ
كىدىن ئىبارەت. بۇ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى،
خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىگە مۇناسى ـ
ۋەتلىك، شياڭگاڭنىڭ ئۇزاققىچە گۈللىنىشى،
مۇقىم بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك تۈپ پرىنسىپ.
«شياڭگاڭنى ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىدارە قىلىش»نى
ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن مەركەزنىڭ ئالاھى ـ
دە مەمۇرىي رايوننى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرۇش ـ
ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلەش ـ
تۈرگىلى، ئاساسىي قانۇن ۋە نىگىزلىك قانۇندا
بەلگىلەنگەن ئاساسىي قانۇنلۇق تەرتىپنى ئۈنۈمـ
لۈك قوغدىغىلى، تۈرلۈك چوڭقۇر قاتلاملىق مەسى ـ
لىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلغىلى بولىدۇ، شياڭگاڭ
ئاندىن ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ ھەم
جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇ ـ
رۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشالايدۇ.

شى جىنپىڭ يەنە لىنجېڭ يۈئېيغا ئامېرىكى ـ
نىڭ يولسىزلارچە جازالىشىغا ئۇچرىغان شياڭگاڭ
ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىدىكى ئالاقى ـ
دار ئەمەلدارلاردىن سەممىي ھال سورايدىغانلى ـ
قىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ھاۋالە قىلدى.

لىنجېڭ يۈئېي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەر ـ
كەزنىڭ شياڭگاڭغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە قوللى ـ
غانلىقىغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.
مەن ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننى باشقۇرۇش ـ ئى ـ
دارە قىلىش كوللېكتىپىغا يېتەكچىلىك قىلىپ،
پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ھەسسىلەپ تىرىشىپ
خىزمەت قىلىپ، قورقماستىن قىيىنچىلىقلارنى
يېڭىپ، شياڭگاڭنى قايتىدىن ئاتلىنىپ، پۇختا
قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە قىلىمەن.

خەن جېڭ، دىڭ شۆشياڭ، گو شېڭكۈن،
يوۋ چۈەن، شيا باۋلۇڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پا ـ
ئالىيەتكە قاتناشتى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ
كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ
1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن بېيجىڭدا
سىنلىق كۆرۈشۈش شەكلىدە ئاۋمېن ئالاھىدە
مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى خې يىچېڭنىڭ
2020 ـ يىللىق خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى.
خې يىچېڭ ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون
ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆتكەن بىر يىللىق خىزمىتى ۋە
ھازىرقى ۋەزىيىتىنى دوكلات قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: يۇقۇمنىڭ ئال ـ
دىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئېھتىياجى بىلەن، بۇ
قېتىم سىن شەكلىنى قوللىنىپ سىزنىڭ 2020 ـ
يىللىق خىزمەت توغرىسىدىكى خىزمەت دوكلاتى ـ
ڭىزنى ئاڭلىدىم. 2020 ـ يىلى سىزنىڭ ۋە يېڭى
بىر نۆۋەتلىك ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمە ـ
تىنىڭ ئىش باشلاش يىلى. تۇيۇقسىز تارقالغان
يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇ ـ
غى يۇقۇمى ئالدىدا، سىلەر تېز ئىنكاس قايتۇر ـ
دۇڭلار، تەدبىرىڭلار كۈچلۈك بولدى، بىرقەدەر
قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۇقۇمنى كونترول قىلدىڭ ـ
لار، ھازىرغىچە يەرلىكتە ئۇدا 300 كۈندىن
ئارتۇق يېڭىدىن كۆپەيگەن ئېنىق دىياگنوز قو ـ
يۇلغان ئاغرىق مىسالى كۆرۈلمەي، ئاۋمېن
شەھەر ئاھالىلىرى ۋە ھەرقايسى ئالاقىدار تەرەپ ـ
لەرنىڭ يۈكسەك ماختىشىغا ئېرىشتىڭلار. يۇقۇم ـ
نىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلەن بىللە،
سىلەر كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ ئىقتىسادنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خەلقنىڭ قىيىنچىلىقىنى
ھەل قىلىپ، پائال نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا
كەلتۈرۈپ، ئاۋمېننىڭ جەمئىيەت ئىناقلىقىنى
ئىلگىرى سۈردۈڭلار. سىز ۋە ئالاھىدە مەمۇ ـ
رىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىنى مەركەز
تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەركەز
باشتىن ـ ئاخىر ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ بەخت ـ
سائادىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى، ئاۋمېننىڭ تە ـ
رەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. بىز داۋاملىق
پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاۋمېننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى
ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت
تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلىشىنى قوللايمىز،
ئاۋمېننىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداشقا دائىر
قانۇن ـ تۈزۈم ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى مۇ ـ
كەممەللەشتۈرۈشىنى قوللايمىز، ئاۋمېننىڭ ئىقتى ـ
سادنىڭ مۇۋاپىق، كۆپ مەنبەلىك تەرەققىياتىنى
تېزلىتىشىنى قوللايمىز، ئاۋمېننىڭ دۆلەتنىڭ تە ـ
رەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى سىڭى ـ
شىپ، ئاۋمېنچە «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ
مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا
سىلجىتىشىنى قوللايمىز.

خې يىچېڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەركەز ـ
نىڭ ئاۋمېنغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە قوللىغانلىق ـ
ىغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. مەن
ئاۋمېن جەمئىيىتىدىكى ھەر ساھە زاتلارنى داۋام ـ
لىق ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ يېتەكلەپ، دۆلەتنىڭ ئىگى ـ
لىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپە ـ
ئىتىنى قوغداشتىكى ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم
مەسئۇلىيىتىمنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، دۆلەتنىڭ
«14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانى ۋە دۆلەت ـ
نىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە ئۇدۇللىشىپ،
تىرىشىپ ئاۋمېنچە «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»
ئەمەلىيىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىمەن.

خەن جېڭ، دىڭ شۆشياڭ، گو شېڭكۈن،
يوۋ چۈەن، شيا باۋلۇڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى
پائالىيەتكە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۇن،
لى شۆجۈن، ۋاڭ يۈمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم،
دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر،
مانەن زەينەل، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى.

چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 112 ـ قېتىملىق مۇ ـ
دىرلار يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر سالا ـ
ھىيىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ بەزى ۋەكىللەر ـ
نىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى توغرىسىدىكى دوكلاتى
قاراپ چىقىلىپ، 22 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يى ـ
غىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى.

چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 113 ـ قېتىملىق
مۇدىرلار يىغىنىدا دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قا ـ
رالمىلىرىغا قاراپ چىقىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى
دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلۈپ، دائىمىي كومىتېت ئو ـ
مۇمىي يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇشقا تاپشۇرۇش قارار
قىلىندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)
2020 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ تۇراقلىق مۈلۈك
سېلىنمىسى (دېھقان ئائىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئال ـ
مايدۇ) ئالدىنقى يىلدىكىدىن 16.2% ئېشىپ،
ئېشىش سۈرئىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 13.7
پىرسەنت پوئېنت ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويى ـ
چە 1 ـ ئورۇندا تۇردى. كۆلەمدىن يۇقىرى سانا ـ
ئەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.9%
ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن
2.2 پىرسەنت پوئېنت ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەت
بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇردى.

ئۆتكەن بىر يىلدا، شىنجاڭنىڭ ئىستېمال با ـ
زىرى سىجىل جانلاندى، پۈتۈن بىر يىلدا جەمئى ـ
يەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئو ـ
مۇمىي سوممىسى 306 مىليارد 255 مىليون يۈەن
بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.3% تۆۋەنلىدى.
تۆۋەنلەش ھەجمى 1 ـ پەسىلدىكىدىن 21.7
پىرسەنت پوئېنت، ئالدىنقى يېرىم يىلدىكىدىن
3.9 پىرسەنت پوئېنت، ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدىكىدىن
4.3 پىرسەنت پوئېنت تارايدى.

2020 ـ يىلى شىنجاڭ ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال
باھا كۆرسەتكۈچى (CPI) ئالدىنقى يىلدىكى
ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1.5% ئېشىپ، پۈتۈن مەمـ
لىكەت (2.5% ئاشقان)نىڭكىدىن 1.0 پىرسەنت پوئېنت
تۆۋەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەرلەرنىڭ 1.3%
ئاشتى، يېزىلارنىڭ 2.0% ئاشتى.

شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى مۇقىم
ئاشتى. 2020 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ـ بازار ئاھا ـ
لىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بېشى كىرىمى 34 مىڭ 838
يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 0.5% ئاشتى،
باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە 0.8% ئەمەلىي تۆ ـ
ۋەنلىدى؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىشى
بېشى كىرىمى 14 مىڭ 56 يۈەن بولۇپ، 7.1%
ئاشتى، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە 5.0%
ئەمەلىي ئاشتى.

خەلقنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى ئۈزلۈكسىز
ئۆستى. پۈتۈن يىلدا شەھەر ـ بازارلارنى سۇ بىلەن
تەمىنلەشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 98.0%كە، پاس ـ
كىنا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى 96.9%كە،
تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى زىيانسىزلاشتۇرۇپ بىر
تەرەپ قىلىش نىسبىتى 97.0%كە، قۇرۇلۇش قى ـ
لىنغان رايونلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش
نىسبىتى 39.5%كە يەتتى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە
ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قولغا كەلتۈرۈل ـ
دى. 2020 ـ يىلى شىنجاڭدا ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتـ
قان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى 3 مىليون 64
مىڭ 900 نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىق ـ
تىن قۇتۇلدى، 3666 نامرات كەنتنىڭ ھەممىسى
نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈلدى، دۆلەت دەرىجىلىك
32 نامرات ناھىيە ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك
ئۈچ نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقى ئېلى ـ
ۋېتىلدى، شىنجاڭنىڭ مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى
تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)
جۇڭگو ـ پورتۇگالىيە مۇناسىۋىتى يۇقۇمنىڭ
سىنىقىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئەنئەنىۋى دوست ـ
لۇقى يېڭى ھاياتىي كۈچنى نامايان قىلدى، يۇ ـ
قۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە سەھىيە ھەمكار ـ
لىقىدا يېڭى قەدەم تاشلاندى، ئەمەلىي ھەمكار ـ
لىقتا داۋاملىق يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. مەن
جۇڭگو ـ پورتۇگالىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا
يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، زۇڭتۇڭ دې سوسا
بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، جۇڭگو ـ پورتۇگالىيە
مۇناسىۋىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنى
قولغا كەلتۈرۈشكە تۆرتكە بولۇپ، ئىككى
دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت
يارىتىشنى خالايمەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)
ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇ ـ
ئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ھۆ ـ
كۈمەت پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى شۆھرەت
زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم خۇلاسە
سۆزى قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەك ـ
شۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى، ئاپتونوم
رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىدى ـ
كى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا كېلىپ
يېتەكچىلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە
گۇرۇپپىسى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى
ياخشى ئېچىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. يى ـ
غىندىن ئىلگىرى، ھۆكۈمەت پارتىيە گۇرۇپپىسى
يولغا قويۇش لايىھەسىنى مەخسۇس تۈزدى، پار ـ
تىيە گۇرۇپپىسى ئەزالىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى
دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەك ـ
چى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى، 3 ـ قې ـ
تىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغى ـ
نى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ
دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى قاتارلىق مۇھىم
يىغىن ۋە ھۆججەتلەرنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگى ـ
نىپ، كەڭ دائىرىدە پىكىر ـ تەكلىپ ئېلىپ، سىر ـ
دىشىش، سۆزلىشىشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، سې ـ
لىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنى ئەستايىدىل
يېزىپ، دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى يۇقىرى سۈ ـ
پەتلىك ياخشى ئېچىشقا پۇختا ئاساس سالدى.

يىغىندا ھۆكۈمەت پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ
«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە
چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە
مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى
ۋە مەركەزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكى ـ
لىگە ھۇجۇم قىلىش مەخسۇس كۆزىتىشى بويىچە
«قايتا قاراپ چىقىش»تا قايتما ئىنكاس قىلىنغان مە ـ
سىلىلەرنى تۈزىتىش، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەت ـ
لىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ 8 ـ، 9 ـ نۆۋەتلىك كۆزى ـ
تىش ـ تۈزىتىشى بويىچە مەخسۇس تېمىلىق دې ـ
موكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ ئالاقىدار تۈزىتىش
تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ۋە بۇ قې ـ
تىمقى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدىن ئىلگىرى
پىكىر ـ تەكلىپ ئېلىش ئەھۋالى ئومۇمىي ئۇقتۇ ـ
رۇش قىلىندى. شۆھرەت زاكىر ھۆكۈمەت پارتى ـ
يە گۇرۇپپىسى بەنزىسىگە ۋاكالىتەن سېلىشتۇرۇپ
تەكشۈردى، پارتىيە گۇرۇپپىسى ئەزالىرى بىر ـ
بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ تەكشۈردى. كۆپچىلىك
ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتا مەسىلىگە بىۋاستە
يۈزلىنىپ، كونكرېت، چوڭقۇر بولۇپ، ئۆزئارا
تەنقىد قىلىشتا سەممىي بولۇپ، نىگىزنى تۇتۇپ
چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلىپ، ئادەمنى كۆرۈش،
ئىشنى بىلىش، ئىدىيەنى تونۇش، ئىنچىكە، تەپ ـ
سىلىي، كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئا ـ
شۇرۇپ، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، كۈچنى
مۇجەسسەملەش، ئىتتىپاقلىشىپ غەيرەتكە كېلىش
مەقسىتىگە يەتتى.

شۆھرەت زاكىر خۇلاسە سۆزى قىلغاندا
مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى
دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگى ـ
نىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى بىر تۈرلۈك ئۇزاق
مۇددەتلىك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ،
سىياسىي ئاڭنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ئىرادىنى
ساقلاپ، سىياسىي چوڭ ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ،
دائىم ئۆگىنىپ، دائىم يېڭىلاپ، دائىم ئۆزلەشتۈ ـ
رۈپ، دائىم ئىلگىرىلەپ، كاللىنى تېخىمۇ ياخشى
قوراللاندۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ،
خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ
ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتى ـ
يە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ
ئورۇنلاشتۇرمىلىرى، سىياسەت ـ پەرمانلىرىنىڭ
راۋانلىقىغا، بۇيرۇق، تەلەپلىرىنىڭ جەزمەن ئىجرا
قىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئاپتونوم
رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلەپلىرىنىڭ
دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك
قىلىش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى
توغرا ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى
چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەن ـ
دىزىسىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىڭىشىپ، سى ـ
ياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشى ـ
نىش ئىقتىدارى ۋە سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدا ـ
رىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈش كېرەك. باشلامچىلىق
بىلەن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ،
مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ،
ھەقىقىي تۈردە تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتلەر ۋە
جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى
كونكرېت ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، «14 ـ بەش
يىل» مەزگىلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى
ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. پارتى ـ
يەنى قاتتىق ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئومۇم ـ
يۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي ئىنتىزام ۋە
سىياسىي قائىدىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، قەتئىي
تەۋرەنمەي پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدا ـ
رە قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلەر
بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى
تەبرىكلەش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)
«بىز گىرىم بۇيۇملىرى ساھەسىدىمۇ
تەتقىق قىلىپ ئېچىش سالمىقىنى زورايتتۇق،
قاراڭ، بۇ بىزنىڭ بۇ يىل ئەمدىلا بازارغا سالغان
يۈز چاپلىقىمىز.» ۋاڭيۈەن گۇرۇھىنىڭ مۇئاۋىن
باش دىرېكتورى گو جىجياڭ مۇنداق تونۇشتۇر ـ
دى: بۇ يۈز چاپلىقى مەھسۇلاتى بازارغا سېلىنىشى
بىلەنلا، جىجياڭلىق بىر سودىگەر بىلەن 1 مىليون
يۈەنلىك سېتىش توختامى ئىمزالىدۇق.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ناھىيە بازىرىغا 15 كى ـ
لومېتىر كېلىدىغان يەتتە ئارال بازىرىنىڭ خارابى
كەنتىدە، چارۋىچى ئارغىن ئەلىپ تۆگىلەرگە يەم
بېرىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

«2010 ـ يىللا مەن ۋاڭيۈەن گۇرۇھىغا
تۆگە بېقىپ بېرىشكە باشلىدىم. دەسلەپتە مېنىڭ
سەككىز تۇياقلا تۆگەم بار ئىدى، يەنە قەرزىممۇ
بار ئىدى. ۋاڭيۈەن گۇرۇھىنىڭ ياردىمىدە ھازىر
200 تۇياق تۆگەم بار، ھەر يىلى تۆگە سۈتى سې ـ
تىشتىنلا 650 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىمەن. ئائىلىمىز
ئاپتوموبىل سېتىۋالدى، ئۆيىمىزمۇ بار بولدى»
دېدى ئارغىن ھاياجانلانغان ھالدا.

2020 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ۋاڭيۈەن گۇرۇھى
بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى بىلەن ھەمكارلىشىپ تەخ ـ
مىنەن 2 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىپ بىرلىكتە
بەرپا قىلغان ساياھەت، ساغلاملىق ـ كۈتۈنۈش،
مەدەنىيەت، ئىستىراھەت ـ كۆڭۈل ئېچىش، تىجا ـ
رەت ـ ئىستېمال، مەبلەغ سېلىش ـ ئىگىلىك
تىكلەش بىر گەۋدە قىلىنغان جۇڭگو تۆگە كىچىك
بازىرى تۈردە ئىش باشلىدى.

بۇ يىل ئارغىن تۆگە بېقىشقا ياردەملىشىشكە
بىرنەچچە ئادەم ياللاپ، ئۆزى جۇڭگو تۆگە
كىچىك بازىرىدىن ئۆي سېتىۋېلىپ، ساياھەتچى ـ
لىك بىلەن شۇغۇللىنىشنى پىلانلىدى.

«ھازىر شىنجاڭغا ساياھەتكە كېلىدىغانلار
بارغانسېرى كۆپەيدى. بىز ۋاڭيۈەن گۇرۇھىغا
ئەگىشىپ تۆگە بېقىپلا قالماي، يەنە ئۇلارغا ئە ـ
گىشىپ ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىمىز»
دېدى ئارغىن كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئارغىن ۋاڭيۈەن گۇرۇھى دەل جايىدا
ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى يولغا قويۇشتىن مەنپە ـ
ئەتلەنگەن نۇرغۇن كىشىنىڭ بىرى. ئون نەچچە
يىلدىن بۇيان، ۋاڭيۈەن گۇرۇھى «نۆل تەننەرخ
سېلىنمىسى، نۆل تىجارەت خەۋپ ـ خەتىرى،
نۆل ئارىلىقتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش»تىن ئىبا ـ
رەت كەسىپلەشكەن نامراتلارنى دەل جايىدا
يۆلەش ئەندىزىسىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق،
ئالتاي، تارباغاتاي، سانجى، ئۈرۈمچى، قۇمۇل
قاتارلىق جايلاردا 5600 ئائىلىلىكتىن ئارتۇق
تۆگە باقىدىغان چارۋىچىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇ ـ
لۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولدى، ئىلگىرى ـ كېيىن
بولۇپ 600 ئائىلىلىككە يېقىن چارۋىچىنى 120
مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئۆسۈمسىز قەرز پۇل
بىلەن تەمىنلىدى.

«كۆپ يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، تۆگە
گېنى گرافىك سپېكترىنىڭ تەرتىپىنى ئۆلچەشتىن
تارتىپ تۆگە سۈتى خاس ھۈنەر تېخنىكىسىنى
تەتقىق قىلىپ ئېچىش، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزار ـ
تىش قاتارلىقلارغىچە، بىز بىر قاتار پاتېنت نەتى ـ
جىلىرىگە ئىگە بولدۇق. كېيىنكى قەدەمدە، بىز
جۇڭگو تۆگە كىچىك بازىرى، 10 مىڭ تۆگە باغ ـ
چىسى باقمىچىلىق بازىسى، تۆگە زامانىۋى كە ـ
سىپلەر باغچىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئەقلىي
ئىقتىدارلاشقان كەسىپ زەنجىرى بەرپا قىلىپ،
تېخىمۇ كۆپ دېھقان ـ چارۋىچىنىڭ گۇرۇھىمىز
بەرپا قىلغان سۇپا ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇ ـ
لۇشنى مۇستەھكەملەپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيى ـ
شىغا ياردەم بېرىمىز» دېدى ۋاڭيۈەن گۇرۇھىنىڭ
باش مۇدىرى چىن گاڭلياڭ.